# 258878 ـ كېچىك تالاق بىلەن چوڭ تالاقنىڭ ئارىسىدىكى پەرق ۋە ئىددەت مۇددىتىدە رەجئى تالاقتىن چىقىپ كېتىشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا

## سۇئال

كېچىك بائىن تالاقتىن ئىددەت تۈتۈۋاتقان ئايالنىڭ ئۆزى تەلەپ قىلماستىن خىزمەت مۇناسىۋىتى ياكى قۇرۇلتايلارغا قاتنىشىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن شۇ شەھەردە ئۆز ئۆيىنىڭ سىرتىدا قونۇپ قىلىشى توغرا بولامدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاب

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئالالاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

بىرىنچى: ئەگەر ئايال ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان بولسا، چوڭ بايىن تالاق بولۇپ، باشقا بىر ئەر بىلەن توي قىلىپ كېيىن ئايرىلىپ كېتىپ ئىددىتى تۈگىگەندە دەسلەپكى ئېرى بىلەن قايتىدىن نىكاھلانسا دۇرۇس بولىدۇ.

ئەگەر بىرىنچى قېتىم ياكى ئىككىنچى قېتىم تالاق قىلىنغان بولسا، ئىددىتى ئاخىرلاشقىچە ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىۋالمىغان بولسا، بۇ كېچىك بايىن تالاق بولىدۇ. بۇنىڭ مىسالى: ئەگەر ئايالنى ـ خۇلئى ـ پۇل ئېلىپ تالاق قىلغان بولسا، گەرچە ئايالنىڭ ئىددىتى ئاخىرلاشمىسىمۇ ئايرىلىش بىلەنلا بايىن بولىدۇ.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ: "شەرھىل مۇمتى" 12-توم 468-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "بايىن دېگەن ئايرىلىش دېگەن بولۇپ، بۇ ئىككى تۈرلۈك بولىدۇ:

چوڭ بايىن تالاق، بۇ ئۈچ تالاقتىن ئىبارەتتۇر.

كېچىك بايىن تالاق، بۇ تويلۇق مېھرىنى قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە قىلىنغان تالاقتۇر.

ئەر كىشى ئايالىنى ئىلگىرى ئىككى قېتىم تالاق قىلغان بولسا، ئاندىن ئۈچىنچى قېتىم تالاق قىلغان بولسا، بىز بۇنى چوڭ بايىن تالاق دەيمىز، يەنى ئايال باشقا ئەر بىلەن توي قىلىپ ئايرىلىپ چىقىپ ئىددىتىنى ئاخىرلاشتۇرمىغۇچە دەسلەپكى ئېرى بىلەن قايتىدىن نىكاھلىنالمايدۇ.

ئەر كىشى ئايالىنى بەرگەن تويلۇق مېھرىنى قايتۇرۇپ بېرىش بەدىلىگە تالاق قىلغان بولسا، بۇ كىچىك بايىن تالاق بولىدۇ. بۇ تالاقنى قانداق چۈشىنىمىز؟ دېسە، ئەر كىشىنىڭ ئىددەت ئىچىدىمۇ ئۇ ئايال بىلەن قايتىدىن يېنىشىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ، گەرچە يېنىشىۋالغان بولسىمۇ.

يەنە"شەرھىل مۇمتى" 12-توم 130-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "ئايال ئېرىگە تويلۇق مەھرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ تالىقىنى ئالغان بولسا، بۇ كىچىك بايىن تالاق بولىدۇ، تويلۇق مېھرىنى قايتۇرۇپ ئېلىپ تالاق قىلغان ئەرنىڭ ئۇ ئايال بىلەن ئىددەت ئىچىدىمۇ ياكى ئىددەتتىن كېيىنمۇ يېنىشىۋېلىشى توغرا بولمايدۇ.

ئەمما ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنغان بايىن تالاقتا بولسا، ئىددەت تۇتقۇچىلار ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: بىرىنچى تۈر: قايتىۋالىدىغان رەجئى تالاق، ئايال ئىددەت ئىچىدە بولسا ئايالىغا يېڭىدىن نىكاھ قىلماستىن ۋە تويلۇق ئالماستىن قايتىۋالسا بولىدۇ.

ئىككىنچى تۈر: كىچىك بائىن تالاق دېگەن، ئەر ئايالى بىلەن بىۋاستە يېنىشىۋالالمايدۇ، لېكىن يېڭىدىن نىكاھ ئەقدىسى قىلىپ يېنىشىۋالالايدۇ، ئىددەت ئىچىدە يېڭىدىن نىكاھ قىلمىسا يېنىشىۋالغىلى بولمايدىغان ھەرقانداق تالاق كىچىك باين تالاق دېيىلىدۇ.

ئۈچىنچى تۈر: چوڭ بايىن تالاق بولسا، ئۈچ قېتىم تالاق قىلىنىپ بولغان بولۇپ، ئۇ ئايال باشقا بىر ئەر بىلەن توي قىلىپ چىقمىغۇچە دەسلەپكى ئېرىگە ھالال بولمايدۇ، بۇنىڭ شەرتلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىندى".

ئىككىنچى: ئايالنىڭ قايتىۋالىدىغان رەجئى تالاقتىن بولغان ئىددىتى ئاخىرلاشقان بولسا، تالاق قىلغۇچىنىڭ ئايالغا ئىگە بولۇش ھوقۇقى بولمايدۇ، ئۇ ئايال خالىغان جايغا چىقىدۇ ۋە خالىغان جايغا بارىدۇ.

ئەگەر ئىددىتى ئاخىرلاشمىغان بولسا، رەجئى تالاقتىن ئىددەت تۇتقۇچىنىڭ ئۆيدىن چىقىشى دۇرۇس بولىدۇ، بۇ ئايالنىڭ ئۆيدىن چېقىشى ئېرى ۋاپات بولغان ئايالنىڭ ئۆيدىن چېقىشى چەكلەنگەندەك چەكلەنمەيدۇ، لېكىن ئۆيدىن ئېرى رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن چىقىدۇ، چۈنكى ئۇ ئايال ئىددەت ئاخىرلاشمىغان مۇددەتتە ئېرىنىڭ دائىرىسىدە بولىدۇ، بىرگە ياشاۋاتقان باشقا ئاياللارغا ئوخشاش نەپىقە، تۇرالغۇ ۋە ئۆيدە قونۇش قاتارلىق ئىشلار كېرەك بولىدۇ.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش دېگەن: «ئەر كىشى ئايالىنى بىر ياكى ئىككى تالاق قىلغان بولسا، ئۇ ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيدىن چىقمايدۇ. ["مۇسەننىپ" ئىبنى ئەبى شەيبە4-توم 142-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "كۆچلۈك قاراشتا: تالاق قىلىنغان ئايال قايتقىلى بولىدىغان رەجئى تالاق بولسا، ئۇ خۇددى تالاق قىلىنمىغان ئايالغا ئوخشاش بولىدۇ، ئۇ ئايال خوشنىلىرىنىڭ ئۆيىگە، مەسچىتكە، ئۇرۇغ-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىپ كېلىدۇ. بۇ ئېرى ۋاپات بولغان ئايالغا ئوخشىمايدۇ.

ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿لا تُخْرِجُوهُنَّ مِنْ بُيُوتِهِنَّ وَلا يَخْرُجْنَ﴾ تەرجىمىسى: «ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن

چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن». [سۈرە تالاق 1-ئايەت].

بۇ ئايەتتە ئۆيدىن چىقىرىۋېتىشتىن بولغان مەقسەت، ئايرىلىشتىن ئىبارەتتۇر. يەنى ئۆيدىن ئايرىلىپ باشقا ئۆيگە چىقىپ تۇرىدىغان ئىشنى قىلماڭلار". ["نۇرۇن ئەلەددەربى پەتىۋاسى"].

ئۈچىنچى: ئەمما شەھەر بىر بولسىمۇ باشقا رايون ياكى باشقا جايدا قۇرۇلتاي-يىغىنلارغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئايال ئۇ جايغا سەپەر قىلىپ بارىدىغان بولسا، مەھرەم بىلەن بىرگە بارمىسا توغرا بولمايدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «يات بىر ئەر يات بىر ئايال بىلەن خالى جايدا تۇرمىسۇن، ئايال كىشى مەھرەمسىز يالغۇز سەپەرگە چىقمىسۇن دېگەندە، بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مەن مۇنداق، مۇنداق ئۇرۇشقا چىقىشقا تىزىملاتقان ئىدىم، ئايالىم ھەجگە چىققان ئىدى دېگەن ئىدى، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: سەن بېرىپ ئايالىڭ بىلەن بىرگە ھەج قىلغىن دېدى». [بۇخارى رىۋايىتى 3006-ھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى1341-ھەدىس].

بۇ ھەقتە تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن 101520 ـ82392 ـ نومۇرلۇق سوئاللارنىڭ جاۋابىغا قارالسۇن.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.